مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى (3)

ئەخمەتجان قاسىمى: شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۆرەش قىلىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ليۇ بىڭ) «ئەخمەتجان قاتارلىق بەش يولداش ھايات چېغىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۆرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قۇربان بولدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ.» 1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ تەزىيە تېلېگراممىسىدا شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمغا مۇشۇنداق باھا بەرگەن.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئۇيغۇر، 1914 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ غۇلجىدىن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئۇ تاغىسىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان، 1936 ـ يىلى يازدا موسكۋا شەرق داشۆسىدە ئوقۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيەسى تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان، 1942 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غۇلجىغا قايتىپ مەخپىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1943 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇ گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان، 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن دىخۇا(ھازىرقى ئۈرۈمچى)دىن غۇلجىغا قايتقان.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە گېزىت مۇھەررىرى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» كاتىپى، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، كېيىن شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىرگەن ھەم سۆھبەت ۋەكىللىكىگە كۆرسىتىلىپ، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشتىكى يېتەكچىلىك ھوقۇقىنى ئىگىلەپلا قالماي، يەنە شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن.

بۇ مەزگىلدە، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرغان، 11 ماددىلىق «تىنچلىق بېتىمى»نىڭ ئىمزالىنىشى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان. ئۇ كۆپ قېتىم شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا ھاياجان بىلەن مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئىلى مەن تۇغۇلغان جاي، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز دەپنە قىلىنغان جاي، جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ يۇرتىمىز».

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

ئىسھاقبېك مونونوف: قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ مەدھىيىلىنىدۇ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر يۈ تاۋ) 70 يىلدىن بۇيان، ئىنقىلابىي قۇربان ئىسھاقبېك مونونوفنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى شىنجاڭدا تارقىلىپ مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي روھى ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشقا، ئۇلۇغ ۋەتەننى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئىسھاقبېك مونونوف، قىرغىز، 1902 ـ يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئۇلۇغچاتتىن. 1925 ـ يىلى دادىسىنىڭ ئورنىدا ئەسكەر بولۇپ، چېگرا قاراۋۇل ئەترىتىگە قاتنىشىپ، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، 1928 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەنگەن. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ بىرمەھەل شىنجاڭدىكى يەرلىك قىسىمنىڭ تۈەنجاڭى، لۈجاڭى بولغان، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار پىلانلاپ قوزغىغان قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىگە ئاتلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇ بۇ مەزگىلدە، قىسمىنىڭ ئىنتىزامىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ: «خەلققە پايدىسىز ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ؛ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ پۇقرالارنى بوزەك قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ»دېگەن.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئىسھاقبېك مونونوف شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى 1 ـ ئاتلىق لۈسىنىڭ لۈجاڭى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئەزاسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ،

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

ئابدۇكېرىم ئابباسوف: مەڭگۈ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەگىشىپ مېڭىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ليۇ بىڭ) ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئۇيغۇر، 1921 ـ يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئاتۇشتىن. 1935 ـ يىلى، ئۇ غۇلجىدىن دىخۇا(ھازىرقى ئۈرۈمچى)غا كېلىپ ئوقۇغان، ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە شىنجاڭ شۆيۈەنىدىكى تولۇق ئوتتۇرا بۆلۈمدە ئوقۇغان مەزگىلدە، يۈ شيۇسۇڭ، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ يېتىشتۈرۈشى ۋە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سۆيۈش ئاممىۋى تەشكىلاتى — «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى»گە قاتنىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە پائال ئاتلانغان.

ئۇ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ساۋاقداشلىرىغا مۇنداق دېگەن: «لىن جىلۇغا ئوخشاش ئۆز ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئەتراپىمىزدىكى ئاممىنىڭ پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي بىر تەرەپلىمە قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچى ۋە كۆيۈنۈشىگە ئېرىشىشىمىز كېرەك».

1942 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىلگىرى ـ كېيىن ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدە مائارىپ مۇپەتتىشى، تەرجىمان بولغان ھەم غۇلجا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ماركسىزم ـ لېنىنىزم گۇرۇپپىسىنى مەخپىي قۇرۇپ، ئىلغار زىيالىي ياشلارنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئىنقىلاب يولىدا ئىزدەنگەن. ئۇ مەڭگۈ ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، مەڭگۈ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم بىلدۈرگەن.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى،

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

دەلىلقان سۇگۇرباييېۋ: باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەگە ئەگەشكەن قازاق مىللىتىدىن چىققان ئىنقىلابىي قۇربان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر يۈ تاۋ) «پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەگىشىپ مېڭىشلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توغرا تاللىشى.» ئىنقىلابىي قۇربان دەلىلقان سۇگۇرباييېۋنىڭ بۇ سۆزىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما ئىزچىل ئەستە چىڭ ساقلاپ كەلدى.

دەلىلقان سۇگۇرباييېۋ، قازاق، 1906 ـ يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئالتايدىن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش ئاممىۋى تەشكىلاتى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى»گە قاتنىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىپ، دائىم چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئىئانە توپلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بەرگەن. 1941 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغان.

1944 ـ يىلى، دەلىلقان سۇگۇرباييېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ، «ئاشەن(ھازىرقى ئالتاي) ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى بولغان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاشەن ۋىلايىتىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشىغا ماسلىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مىللىي ئارمىيە ئاشەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئەزاسى، ئاشەننىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمچە ئاشەننىڭ ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

لو جى: شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى شيۇيىڭ) ئالدى تەرىپى شەرققە قارىتىلغان، ئۈچ ئۆي ئىككى ئايۋانلىق قۇرۇلمىدىكى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 216 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، گۇاڭدۇڭ فوشەن گاۋمىڭ رايونى ياڭخې بازىرىنىڭ يۈەنگاڭ كەنتىگە جايلاشقان ئۆي ئىنقىلابىي قۇربان لو جىنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى.

لو جى، ئەسلىي ئىسمى لو چاڭشېڭ. لو جى 11 ياش ۋاقتىدا تاغىسىغا ئەگىشىپ جىلىن چاڭچۈنگە بېرىپ ئوقۇغان. 1931 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن شەرقىي شىمال قولدىن كەتكەندە، ئۆسمۈر لو جىنىڭ غەزىپى تېشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان. 1932 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، لو جى قەلەمنى تاشلاپ، ئەلەم بىلەن شۇغۇللىنىپ، سۇ بىڭۋېن رەھبەرلىكىدىكى جىلىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوغدىنىش قوشۇنىغا قاتناشقان. شەرقىي شىمال خەلقى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيەسى تەنھا ئۇرۇش قىلغانلىقتىن، 1932 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغاندا، لو جى قوشۇن بىلەن بىللە چېكىنگەن.

1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، لو جى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى)غا كېلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپى، شىنجاڭ شۆيۈەنىگە كىرىپ ئوقۇغان، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشقا تاللاپ ئەۋەتىلگەن. دىخۇادا ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، لو جى يۈ شيۇسۇڭ، لىن جىلۇ قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يېتىشتۈرۈشى ۋە تەربىيەسىدە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش ئاممىۋى تەشكىلاتى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى»گە قاتنىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە پائال ئاتلانغان.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)